# ئۈنۈم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كۆزلىمە نىشانغا يېتەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۈتۈن پارتىيەدىكى يولداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نىشانغا توغرىلىنىپ، پائال ئالغا سىلجىتىپ، كۆزلىمە ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، پارتىيەمىزدە چوقۇم يېڭى كەيپىيات، يېڭى نەتىجە بولۇشى كېرەك. ھازىر بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى ئۇزۇن سەپىرىگە ئاتلاندۇق، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار چوقۇم پارتىيەنىڭ غايە ـ ئېتىقادى ۋە تۈپ مەقسىتىنى جەزمەن ئەستە چىڭ ساقلىشى، ئۇلۇغ ئۇزۇن سەپەر روھىنى جەزمەن ئەۋج ئالدۇرۇشى، ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئاشۇ خىل باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىش، قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىقتەك كۈرەش روھىنى جەزمەن ئەۋج ئالدۇرۇشى، تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى باتۇرلۇق بىلەن يېڭىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنىڭ كونكرېت نىشانىدا ئىپادىلەنگىنى دەل پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا ئىدىيە، سىياسىي، ئىستىل، ئىقتىدار، پاكلىق جەھەتتە قويغان تۈپ تەلىپىدۇر.

نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈمگە ئېرىشىشتىكى مۇھىم نۇقتا — كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئەسلىدىكى ئۆگىنىش ئاساسىدا يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زور سىياسەت ـ فاڭجېنلىرىغا بولغان چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەتراپلىق ئىگىلەپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى قوللىنىپ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش.

ئىدىيە، سىياسىيدا تاۋلىنىشنى قوبۇل قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا — كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ماركسىزمغا بولغان ئېتىقاد، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلققە سادىق بولۇش، ماركسىزمغا سادىق بولۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش.

ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىشتىكى مۇھىم نۇقتا — كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن پەيتنى قولدىن بەرمەيدىغان، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى ۋە قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش روھىنى ساقلاپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ئەقىللىقلىق قىلىپ ئۆزىنى ئاياش، ئەپلەپ ـ سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش، يۈزە ئىش قىلىش، ھۇرۇنلۇق، سۆرەلمىلىك قىلىش قاتارلىق بارلىق پاسسىپ قىلمىشلارنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلاپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەتنىڭ، خەلقنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان ئەمەلىي نەتىجىلەرنى يارىتىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش.

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا — كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ھېسسىياتنى كۈچەيتىپ، ئاڭلىق ھالدا خەلق ئويلىغاننى ئويلاپ، خەلق بىلەن بىللە ئىشلەپ، ئاممىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى، باش قاتۇرىدىغان ئىشنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتەك ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم بىلەن خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش.

پاك ـ دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇشتىكى مۇھىم نۇقتا — كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى خەلق ئۈچۈن ئەمەلىيەتچىل، پاك بولۇش سىياسىي خىسلىتىنى ساقلاپ، ئومۇم بىلەن شەخس، ھەققانىيەت بىلەن مەنپەئەت، ھەق بىلەن ناھەق، ھېسسىيات بىلەن قانۇن، تۇغقاندارچىلىق بىلەن پاكلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ھەشەمەتچىلىك، مۇشەققەت بىلەن پاراغەت، پايدا بىلەن زىياننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا ئىمتىياز ئىدىيەسى ۋە ئىمتىياز ھادىسىسىگە قارشى كۈرەش قىلىپ، قەتئىي ھالدا چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، پاك ئەمەلدار بولۇش، دۇرۇس ئىش قىلىش، سەممىي ئادەم بولۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش.

پوزىتسىيە نەتىجە ـ ئۈنۈمنى بەلگىلەيدۇ، باشلىنىش قەدىمى نەتىجىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى باشلاندى. «يۇقىرى ئۆلچەم بولغاندىلا ئاندىن يۇقىرى سۈپەت بولىدۇ»، باش تېما تەربىيەسىنىڭ كونكرېت نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، يۇقىرى ئۆلچەمنى تۇرغۇزۇپ، قاتتىق تەلەپنى ئەمەلىيلەشتۈرسەكلا، بىز بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، پارتىيەمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىيەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئاچتى

# سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، باش تېما تەربىيەسى خىزمىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسى خىزمىتىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئۆگىنىش مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەركەزلىك ئۆگىنىپ، مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەنى قانات يايدۇرۇش؛ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىش؛ مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش كېرەك. كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىش، چوڭقۇر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تەھلىل ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل يېزىش؛ تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئەمەلىيەت خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىپ، باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئورگىنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئاچتى

# ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئورگىنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپى بويىچە، بۆلۈم ئورگىنىنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جى جېڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىگە قويغان «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپىنى زىچ چۆرىدەپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، قائىدىنى چۈشىنىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆگىنىش جەريانىدا مەسىلىلەرنى قايتا ئويلىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مەسىلىلەرنى بايقاش، تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش جەريانىدا مەسىلىلەرنى تېپىش، پىكىر ـ تەكلىپلەرنى كەڭ ئاڭلاپ، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈشنى چوڭقۇر ياخشى قىلىپ، تۈزىتىشنى توغرا نىشان بىلەن تەمىنلەش كېرەك. تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىپ بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈزىتىشتە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى 1 ـ سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ئۆگىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلە، تۈزىتىش تىزىملىكىنى تىزىپ چىقىپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، بۆلۈم ئورگىنىنىڭ باش تېما تەربىيەسىدە ئالدىدا مېڭىشى، ئۈلگە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تەشكىلات خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ئائىلىسى ئىللىقلىققا تولدى

**□ مەكىت ناھىيەسى بازار جەمئى بازىرىنىڭ بازار باشلىقى ئارزۇگۈل موللاك**

مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەكىتلىك، كىچىكىمدىن باشلاپ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدە چوڭ بولغان. كىچىك ۋاقتىمدا مەھەللىمىزدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى لاي تاملىق بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر ئىدى، ئۆيىمىزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قوشنىمىزنىڭ بىرى خەنزۇ، يەنە بىرى شىبە ئىدى. خەنزۇ قوشنىمىز گەن ئۇستام بولۇپ، گەن ئۇستامنىڭ ئىككى ئوغلى، بىر قىزى بار ئىدى، چوڭ ئوغلىنى دايۇڭ، كىچىك ئوغلىنى شياۋيۇڭ، قىزىنى ياتۇخان دەپ چاقىراتتۇق؛ شىبە قوشنىمىزنىڭ ئىسمى ئامۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بار ئىدى، ئوغلىنى شىيۇڭ، قىزىنى خۇڭخۇا دەپ چاقىراتتۇق. مېنىڭ دادام مەكىت ناھىيەلىك يېمەكلىك شىركىتىنىڭ ئادەتتىكى خىزمەتچىسى، ئاپام ئوقۇتقۇچى ئىدى. كىچىك ۋاقتىمدا ئاتا ـ ئانامنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، بىز ئاكا ـ سىڭىللارنى دائىم ئۆيىگە قالدۇرۇپ قويۇپ ئىشقا كېتەتتى، بۇنداق چاغلاردا مەن يالغۇزلۇق ھېس قىلمايتتىم، چۈنكى دايۇڭ، شياۋيۇڭ، شىيۇڭ، ياتۇخان ۋە خۇڭخۇا قاتارلىق دوستلىرىم ماڭا ھەمراھ بولۇپ ئوينايتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، يەتتە ياشلار چېغىمدا، چوڭ ئاپام، چوڭ دادام ئېغىر ئاغرىپ قالدى، بىر كۈنى ئاپام چوڭ ئاپام، چوڭ دادامنى يوقلىغىلى بېرىپ قايتىپ كەلمىدى، ئۆيدە دادام بىلەن مەنلا قالدۇق. يېرىم كېچىدە دادامنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قالدى، مەن ئامۇ تاغامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى ياردەمگە چاقىردىم، گەن ئۇستاممۇ بىللە كەلدى، ئۇلار دادامنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق جىددىي خاراكتېرلىك سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ چىقتى، ئۇ ئىككىيلەن ئىككىلەنمەيلا دادامنىڭ ئوپېراتسىيە ھەققىنى تاپشۇرۇۋەتتى. شۇ كۈنى كېچىدە، مېنىڭ ئۆيدە توختىماي يىغلىشىمدىن ئەنسىرەپ، خۇڭخۇا بىلەن ياتۇخان كېچىچە بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ ماڭا تاڭ ئاتقۇچە ھەمراھ بولدى. ئەينى چاغدىكى ئەھۋال شۇنداق خەتەرلىك ئىدى، ئەگەر ئامۇ تاغام بىلەن گەن ئۇستام دادامنى ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا ئاپارمىغان ھەم پۇل تاپشۇرۇپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرمىغان بولسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئاپام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككى تاغامغا توختىماي رەھمەت ئېيتتى، ھالبۇكى ئۇلار قولىنى يېنىك پۇلاڭلىتىپ: «تۈزۈت قىلماڭ، ھەممىمىز قوشنا تۇرساق» دېدى.

بىز مەكىتتە ئوقۇۋاتقاندا دادام بىلەن ئاپامنىڭ مائاشى يۇقىرى ئەمەس ئىدى، بەزىدە ئوقۇش پارچە خىراجىتىنى تاپشۇرالماي قېلىپ قالغاندا، دادام گەن ئۇستاملاردىن پۇل قەرز ئېلىپ بىزنىڭ ئوقۇش پارچە خىراجىتىمىزنى تاپشۇراتتى. مەن مەكىت ناھىيەسىدە 30 نەچچە يىل ياشىدىم، خىزمەت قىلدىم، بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ھەمدەم بولۇش ھېكايىلىرى ناھايىتى كۆپ. ھەر مىللەت قوشنىلار دائىم بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇرىمىز، بالىلار ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق، دوستلۇق مېھىر ـ مۇھەببەتكە چۆمۈلگەن ھالدا بىللە ئويناپ چوڭ بولىدۇ، بۇ خىل ياخشى مۇناسىۋەت تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى، ئۆزئارا سىڭىشكەن، ئىللىقلىققا تولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ئائىلىسىدە بىز ئاللىقاچان قېرىنداش ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىللارغا ئايلاندۇق.

30 نەچچە يىلدىن بۇيان، مېنىڭ ھەربىر ھايات باسقۇچۇم پارتىيەنىڭ ئىللىق قوينىدا ئۆتتى. تەشكىلنىڭ تەربىيەلىشى، غەمخورلۇقىدا بۈگۈنكى خىزمەت ئورنىغا چىقتىم. پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى، تەشكىلنىڭ تەربىيەلىشى بولمىسا، مېنىڭ بۈگۈنۈم بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مەن يەنە پارتىيەنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا يۈزبەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولدۇم. بۈگۈنكى كۈندە، ھەر مىللەت ئامما كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان بولدى، لاي تاملىق بىر قەۋەتلىك ئۆيدىن ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىشكىچە، چاڭ ـ توزان ئۆرلەپ تۇرىدىغان توپا يولدىن ھازىرقى كەنت ـ كەنتلەرگە تۇتاشقان ئاسفالت يوللارغىچە، تېلېۋىزور كۆرەلمەسلىكتىن سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسى، ھەتتا تور تېلېۋىزىيەسى كۆرەلەيدىغان بولۇشقىچە، كېسەل كۆرستىش قىيىن بولۇشتىن داۋالىنىشنى ئاتچوت قىلدۇرۇش ۋە ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكىچە... ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى كۈنسايىن ئاشتى.

پارتىيە كۆپ يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پارتىيە ماڭا ھازىرقى خىزمەت ئورنىنى بەردى، تېخىمۇ مۇھىمى ماڭا ئېغىر مەسئۇلىيەتنى يۈكلىدى. مەن بۇ يەردە شۇنداق كەسكىن ۋەدە بېرىمەنكى: ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىمەن!

# جياڭشى ئۆلكىسىدىن كەلگەن 20 نەپەر «پەخرىي كەنت مۇدىرى» ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جياڭشى ئۆلكىسىدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلارنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى نامرات كەنتلەرگە بېرىپ «پەخرىي كەنت مۇدىرى» بولۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، نامرات كەنتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ نىشانلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى بىر تۈرلۈك تەدبىر.

2018 ـ يىلدىن بۇيان، جاڭ چىڭغا ئوخشاش «پەخرىي كەنت مۇدىرى» ئاقتۇ ناھىيەسىدە 20 گە يەتتى. جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى «پەخرىي كەنت مۇدىرى»نى تاللاپ تەكلىپ قىلغاندا، «پەخرىي كەنت مۇدىرى»نىڭ ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى 20 نامرات كەنتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا قويۇپ، كەنتلەرگە ھەمكارلىشىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىختىساسلىقلار كەمچىل بولۇش، ئۇچۇر راۋان بولماسلىق، خىراجەت يېتىشمەسلىك، كەسىپ تەرەققىياتى كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

ئاقتۇ ناھىيەسى شىنشياگرۇپ كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى لياۋ سۇخمۇ جياڭشى ئۆلكىسىدىن كەلگەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى زات بولۇپ، ئۇ ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ئۆزىمە يېزىسى ئۆزىمە كەنتى ۋە بارىن يېزىسى چىكە كەنتىنىڭ «پەخرىي كەنت مۇدىرى»لىقىنى ئۈستىگە ئالدى. لياۋ سۇخ ئۆزىمە كەنتىدە قۇرغان زاۋۇتقا يەرلىكتىن 98 ئىشچى قوبۇل قىلدى؛ چىكە كەنتىدە قۇرغان شىنجاڭ جىڭگاڭشەن قىزىل كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت چەكلىك شىركىتىگە قوبۇل قىلىنغان 125 ئايال ئىشچىنىڭ ھەممىسى يەرلىك كەنت ئاھالىسى.

زاۋۇت كەنتتە قۇرۇلدى، ئىش ئورنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشىك ئالدىدىلا تەسىس قىلىندى، جياڭشى ئۆلكىسىدىن كەلگەن «پەخرىي كەنت مۇدىرى»لىرى ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاھالە ئۈچۈن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرمەكتە. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2018 ـ يىلدىن بۇيان، جياڭشى ئۆلكىسىدىن كەلگەن 20 نەپەر «پەخرىي كەنت مۇدىرى» ئاقتۇ ناھىيەسىدە كەشتىچىلىك، كىيىم ـ كېچەك، ئىشخانا بۇيۇملىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان زاۋۇتتىن 15 نى قۇرۇپ، يەرلىكتىكى 1310 كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان، ئۇلارنىڭ 610 ى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن نامرات ئاھالە ئىكەن.